

رەسملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (6)

# تەكەببۇر مەلكە

تەييارلىغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر

UYGUR.COM



بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس، ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن.



مەلكە بويغا يېتپ، كۆزگە
كۆروٰنگەندە تەرەپ ـ تەرەپتن
لايق چقپ، قۇلغنى
تنجتمايدٮغان بوپتۇ.



لېكىن، مەلىكە لايىقلارنىڭ بىرىنى «ئورۇق»، بىرىنى «سېمىز»، بىرىنى «پاكار»، بىرىنى سېمىز دەپ ئەيىپ قويۇپ ياندۇرىۋېرىدىكەن.



شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ
سىنىقىدىن ھېچكىم ئۆتەلمەي،
كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.



كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ،
قىزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ
كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ،
ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ.



- قىزىم، مەن قېرىپ قالدىم، - دەپتۇ پادىشاھ، - كۆزۈمنىڭ ئوچۇغىدا ئاتلىق پەرزىمنى ئادا قىلىۋەتسەم دەيمەن. ھەرقانداق مەقسەت - مۇددىئايىڭ بولسا ئېيتقىن.



ـ ئەي جێنم دادا ، ـ دەپتۆ قىز. مەندەك گۉزەلنی بۇ ئقلمدا ئەمەس، یەتتە ئقلمنڭ هێچقایسسدا هێچکم کۆرمگەن.



مەن يەريۈزىدە تېخى ئۆز تەڭدىشمنى ئۇچراتمدىم. قاچان تەڭداش تېپلسا، ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرىمەن.



ـ ئۇنداق بولسا، ـ دەپتۇ
پادىشاھ قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى
چۈشىنىپ، ـ سەن دۇنيادا
ھېچبىر تەڭدىشى يوق نەرسىنى
ئىزدىمەكچى بولساڭ كۈنىنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەلچى
قويۇپ باققىن.



قىز ، دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كۈنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- ھەي كۈن ، ـ دەپتۇ كۆرەڭلەپ ، ـ جىمى ئالەمدە سەن ۋە مېنىڭدەك تەڭدىشى يوقلارنى ئۇچراتمىدىم .



سېنی ھەممدین ئارتۇق ۋە
چرايلق بلسپ ئۆزۉمگە لايق
كۆردۉم. ئەگەر سەن ئىختيار
قلساڭ ئىككمز ئۆمۉرلۉك
يولداش بولساق دەيمەن.



قۇياش قىزغا قاراپ كۈلۈپ
قويۇپتۇ ـ دە:

ـ رەھمەت مەلىكەم، بىراق
مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق بىر
كەمچىلىكىم بار. مېنىڭ
چىرايلىق يۈزۈم سىزگە ئەرزىگەن
بىلەن...



... شۇ چىرايلىق يۈزۈمنى
بەزىدە بۇلۇت توسۇۋالىدۇ، ئۇ
چاغدا مەن سىزگە ئەرزىمەي
قالىمەن. شۇڭا، مەندىن
ئارتۇقراق بۇلۇتنىڭ يېنىغا
بېرىپ، شۇنىڭغا تەگسىز
ئوبدانراق بولارمىكىن، -
دەپتۇ.



مەلىكە بۇلۇتنىڭ ئالدىغا
بېرىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ.
- ئەي ئەقىللىق مەلىكەم، -
دەپتۇ بۇلۇت.



مەندىن ئارتۇراق تۇرىدىغان
شامال بار، ئۇ مېنى خالىغان
يېرىگە ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدۇ،
شۇڭا مەن خىزمىتىڭىزنى ياخشى
ئادا قىلالمايمەن. سىز بېرىپ
شامالغا تەگسىڭىز قانداق بولار
ئىكىن!؟



مەلىكە بۇ يەردىن نائۇمىت
بولۇپ شامالنىڭ ئالدىغا
بىرىپتۇ.

- مەن، - دەپتۇ شامال قىزنىڭ
سوئالىغا جاۋابەن.



تاغمۇ تاغلاردىن ئېشىپ، ئۇي
چوڭقۇردا كېزىپ يۈرگىنىم
بىلەن، بىر ئەسكى تامغىمۇ
چامام يەتمەيدۇ. ئەسكى تام
مېنىڭدىن كۈچلۈكرەك، سىز
شۇنىڭغا ئېيتىپ باقسىڭىز.



مەلكە مەيۈسلەنگەن هالدا
ئەسكى تامنىڭ يېنىغا بېرىپ
ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ.



- رەھمەت مەلىكەم، - دەپتۇ ئەسكى تام، - مەن شامالنى قورقۇتقىنىم بىلەن چاشقاندىن بەك قورقىمەن. ئۇ مېنىڭ ئاستىمغا كىرىۋېلىپ، بېقىنلىرىمنى غاجىلاپ، جېنىمغا ئارام بەرمەيدۇ. سىز بېرىپ شۇنىڭغا تېگىڭ.



مەلكە بىربى چاشقانغا ئىلتىماس قىلىپتۇ. چاشقان ئۇيان بۇيان قارىۋېتىپ ئاستا پىچىرلاپ مۇنداق دەپتۇ:



- جىمى ئالەمنىڭ كۆچلۈگى مۈشۈكتىن قورقمايمەن. خۇداغا شۈكرى، بىر ئىككى ئېغىز ئۆيۈم بار. سىرتقا بېشىمنى چىقارماي تۇرۇپ، تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلالايمەن، - دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ،
شامال ئۆتمەيدىغان
ئەسكى تامنىڭ خوجايىنى
چاشقاننىڭ
مېھمانخانىسىدا ئۆي
ئوچاقلىق بولۇپ قاپتۇ .

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك بالىلار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com